# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
6
يەكشەنبە
维吾尔文 10月6日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24840 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


# جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تارىخ كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ، سەپەرنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ. يېڭى دەۋردە ئىلگىرىلەپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلانغاندا، بىز قىلچە قانائەتلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايمىز، لېكىن چەكسىز ئىشەنچىمىز بار. «جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قولىدا يارىتىلماقتا، جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش

# قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىش

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

كۆرەش ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، ئارزۇ كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش كېرەك.

### ■ ۋەتەندىن پەخىرلىنىش ۋەتەنگە بەخت تىلەش

بۇ دۆلەت بايرىمىدا، چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ ئارال بازىرى قاراڭغۇ توقاي كەنتىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئادەتتىن تاشقىرى يارقىن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدا خۇشال كۈلكە سادالىرى ياڭرايتتى، كەنت ئاھالىلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى كوللېكتىپ كۆردى يەنە مېۋە، كۆكتاتلار بىلەن دۆلەت بايرىقى قاتارلىق نۇسخىلارنى تىزىپ چىقىپ، ئانا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر تىلەكنى ئىپادىلىدى.

«بىزنىڭ كەنتىمىز ئىلگىرى پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامى چىققان نامرات كەنت، قالاق كەنت ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە، كەنت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمى بىر قاتلاندى، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، دۆلەتنىڭ تېز تەرەققىياتى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلىدى.» قاراڭغۇ توقاي كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شۇغايىپبېك ۋۇكەينىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

«ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى مېبىكې مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن جياڭنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: مېبىكې گۇرۇھى كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، شىنجاڭدىن كەڭ خەلقئارا سەھنىگە يۈرۈش قىلدى، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنىڭ زور دەرىجىدە ئۇچقاندەك ئۆرلىگەنلىكىگە گۇۋاھ. «خۇددى باش شۇجى ئېيتقاندەك، بىز توختىماي ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، كارخانىنىڭ ئارزۇسىنى جۇڭگو ئارزۇسىغا سىڭدۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز كېرەك».

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



دۆلەت بايرىقى بىلەن بىر رامكىدا سۈرەتكە چۈشۈش

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ساياھەتچىلەر شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدا چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى كۆردى، دۆلەت بايرىقى بىلەن بىر رامكىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. □ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

## مەدەنىيەت پائالىيىتىدە سەرخىل ئويۇنلار ئۈزۈلمىدى ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلدى

مۇخبىرلىرىمىز جاۋ شيا، لى لى، پىراكتىكانت چۇ شۈەنشۈەن خەۋەر قىلىدۇ: ناخشىلار ياڭراق، ئۇسسۇللار لەرزان، كۆرگەزمىلەر قالتىس، كىتابلار مول... دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۇتۇپخانا، سەنئەت يۇرتى، كىنوخانا قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرى مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل نۇرغۇن مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا دۆلەت بايرىمىلىق مەززىلىك «مەدەنىيەت زىياپىتى» بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مۇخبىرلار شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىغا كەلدى، سائەت ئەمدىلا 11دىن ئاشقان بولسىمۇ، كۇتۇپخانا نۇرغۇن ئوقۇرمەننى كۈتۈۋالغانىدى. «دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ باققىلى كەلدىم، ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كىتاب كۆرۈش مۇھىتىنىڭ ناھايىتى ئازادە ئىكەنلىكىنى، پەن ـ تېخنىكا تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.» ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى جۇ ۋېي ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا ئۈسكۈنىسى ئالدىدا تۇرۇپ «چىراي تونۇتۇپ ئارىيەتكە ئېلىش» ئارقىلىق ئون نەچچە سېكۇنتتىلا ياخشى كۆرىدىغان بىر ئېلېكترونلۇق كىتابنى ئارىيەت ئالدى. كۇتۇپخانا ئىچىدە، كىتاب ئوقۇش رايونى، ھۆسنخەت يېزىشنى سىناپ بېقىش رايونى، «تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان» مۇلازىمەت ئوقۇرمەنلەرنى ھۆسنخەت يېزىش، كىتاب ئوقۇش ھۇزۇرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى.

شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى جى پىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىغا ھەر كۈنى كىرگەنلەر 5000دىن 6000 ئادەم قېتىمغىچە بولۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ۋەتەن بىلەن بىللە تەنتەنە قىلىش

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئارتىسلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇندىدى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىدا «مەن ۋەتەن بىلەن بىللە تەنتەنە قىلىمەن ـــ سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر» پۇقرالار چوڭ سەھنىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. □ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى




## ئالدىنقى توققۇز ئايدا شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 180 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

### 304 مىليارد 638 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى قوش رېكورت يارىتىلدى

مۇخبىرىمىز رېن جياڭنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى، سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 183 مىليون 858 مىڭ 400 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.90% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 304 مىليارد 638 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.78% ئېشىپ، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى قوش رېكورت يارىتىلىپ، مۇددەتتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن 2018 ـ يىلدىكى پۈتۈن يىللىق ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارى ۋە ساياھەت كىرىمىدىن قوش ئاشۇرۇلغان.

2018 ـ يىلى، شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 150 مىليون 248 مىڭ 900 ئادەم قېتىم بولۇپ، 257 مىليارد 971 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 40.09%، 41.59% ئاشقان.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ھەقىقىي ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

## ـــ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەرلەر ھەم بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، يېزا ـ بازارلار، كوچا باشقارمىلىرى ۋە كەنت، مەھەللىلەر 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

□ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ پېيچى

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تۆت يۈرۈش بەنزە ھەم قارىمىقىدىكى يەتتە ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 86 تارماق (ئورۇن)تىكى 689 نەپەر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك(ناھىيە دەرىجىلىك)تىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر، 62 مىڭ نەپەر پارتىيە ئەزاسى مەركەزنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن، باش تېما تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، دەل جايىدا تۇتۇپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىسى:

**ئۆگىنىش تەربىيەسىدە بىر ئادەمنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىدى، بىر دەرسنىمۇ كەم قالدۇرمىدى**

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆگىنىش تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئالاتاۋدا چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز چېن جياڭۋېينىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە قەدەر، ئالاتاۋ تاموژنىسى چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 10 مىڭ 412 قېتىمنى نازارەت قىلغان، باشقۇرغان.

2011 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ـ «چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىققاندىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىغىلى توققۇز يىل بولدى. نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتىدا قاتنايدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ 14 ئاساسلىق لىنىيەسى بار بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە بارالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ترانسپورت كەسپىي مۇلازىمىتى ۋە يورۇشلۇق ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ قاتناش كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نۆۋەتتە كۆلەملەشكەن، دائىملاشقان ترانسپورتنى ئىشقا ئاشۇردى. پۈتۈن مەملىكەتتە قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىزلارغا سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭدىن يولغا چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چۇڭچىڭ، چېڭدۇ، جېڭجۇ، يىۋۇ قاتارلىق جايلاردىن يولغا چىققان نۆۋەتچى پويىزلار بىلەن بىللە بىرىنچى سەپتە تۇرىدۇ، ئالاتاۋ پورتى، قورغاس پورتىمۇ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ غەربتىن چېگرادىن چىقىشىدىكى ئاساسلىق يول بولۇپ قالدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

## ئاقتوقاي يېزىسىدا خۇشاللىنارلىق ئىشلار كۆپ

□ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇجاۋ

دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدىدا، جىگدىلىك كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە تۇرسۇن موللىنىياز خۇشال ـ خۇرام ھالدا يېڭى سېلىنغان ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

يېقىنقى بىر نەچچە ئايدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى بىر قېتىملىق ماشىنا ئالغان، سۈيۈتقا كەنتى ئاھالىسى مەلىكەم قۇربان ئۆيگە قايتىش يولىدا كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى باسالماي، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۈچرىغان ھەربىر كەنت ئاھالىسى بىلەن سالاملاشتى.

تۇرسۇن بىلەن مەلىكەم تۇرۇشلۇق ئىككىلا كەنت ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى ئېغىر نامرات كەنت ئىدى. بۇ يىل، بۇ يېزىدىكى بارلىق ئېغىر نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى چېكىندۈرۈلدۇ، نامرات كەنتلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالدىغا دائىم «قۇتلۇق»، «بەختلىك» دېگەندەك سۆيەتلەر قوشۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرى بەخت يولىدا چوڭ قەدەم تاشلىماقتا.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىيپى
新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP